# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 2 - ئاينىڭ 1

دۈشەنبە

维吾尔文 2 月1日

25324 - سان

بۈگۈن 8 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　تىيانشان تورى: www.ts.cn


## شى جىنپىڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ رۇەن فۇجۇڭنىڭ ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى** 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ رۇەن فۇجۇڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: سىزنىڭ ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلانغانلىقىڭىزدىن خۇشال بولدۇم، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن، سىزنى ھەم سىز ئارقىلىق ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)


ئوقۇش يېتەكچىسى

**قار - مۇز تەنھەرىكىتىنىڭ مەشئىلىنى ياندۇرۇش**

—— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بېيجىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

4 - بەتتە

**مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى قۇرۇش ھەرىكەت لايىھەسىنى بېسىپ تارقاتتى**

6 - بەتتە


## «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ

# بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۆرتكە بولايلى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 3 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۆرتكە بولايلى» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش يېڭىلىق يارىتىشنى قوغدىغانلىق. ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا، جەزمەن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى ئېچىلدى

### چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى

### نۇرلان ئابىلمەجىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى

### چېڭ جېنشەن رىياسەتچىلىك قىلدى　ئىلھام سابىر تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **لى ياڭ، ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى.

يىغىن مەيدانىنىڭ كەيپىياتى قىزغىن، تەنتەنىلىك بولۇپ، رەئىس سەھنىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ گېربى كۆزنى چاقنىتىپ جۇلالىنىپ تۇراتتى، ئوت - قاشتەك ئون قىزىل بايراق ئىككى تەرەپكە تىزىلغانىدى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، جاڭ بو، مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇگېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.




1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. سۈرەتتە: يىغىن نەق مەيدانى. □ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى خەن لياڭ فوتوسى**

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئەزا 505 كىشى، ئەمەلىي قاتناشقىنى 443 كىشى بولۇپ، بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، چېڭ جېنشەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىدى، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلەت شېئىرىنى ئوقۇدى.

يىغىن ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ قارارلىمىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى.

نۇرلان ئابىلمەجىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللاندى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 39 ئەزاسى قاتناشتى، 205 كىشى سىرتتىن قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - جېڭۋېي چېن چۈەنگو ئومۇمىي يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىق ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئومۇمىي يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 2020 - يىللىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتى خۇلاسىلەندى، 2021 - يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىندى، يولداش ياڭ شىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن «قەتئىي تەۋرەنمەي ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنى ۋە ھەيئەت رىياسەتنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي، يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

تەييارلىق يىغىنىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 536 كىشى، ئەمەلىي قاتناشقىنى 463 كىشى، قاتناشقانلارنىڭ سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپى سايلاپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ قارارلىمىسى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

## پومپېئو رەزىل ئادىتىنى ئۆزگەرتمەي ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلىدى

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى　رىزۋان ئەبەي

يېقىندا، ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ناچار، ئەڭ ئوسال سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پەيتىدە، رەزىل ئادىتىنى ئۆزگەرتمەي، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ، يامان غەرەزدە شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭغا قەستەن قارا چاپلىدى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار يەتكۈزگەنلىك، مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىمىز.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

**ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بۈگۈن ئېچىلىدۇ**

## يېڭى نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلايلى

### —— ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

شىنجاڭ گېزىتى باش ماقالىسى

بۈگۈن ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ھەر مىللەت تىيانشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنى ئېلىپ، يېڭى دەۋرنىڭ شەرەپلىك بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، ھەرقايسى سەپلىرىدىن كەلگەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ياخشى چارىلىرىنى ئورتاق كۆزلەپ، «14 - بەش يىل»نىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش. بىز يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

بۇ قېتىمقى يىغىن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئامما پات ئارىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئەتراپلىق ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدىغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا يېڭى نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تىرىشقانلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، يەرگە ئەجىر قىلساق، يەر بىزنى ئالدىمايدۇ. ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن «13 - بەش يىل» ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ باسقۇچى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بەش يىل.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)